باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھى بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى ئىلمىي يېتەكچىلىك ۋە تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى تېزلا ئومۇميۈزلۈك نورمال ئىزغا چۈشتى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇم ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئىگىلەپ، باشتىن - ئاخىر ئېھتىياتچان بولۇش، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا، ئىنچىكە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پۈتۈن يىللىق نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، ۋەزىپىلەرنى ئىنچىكە ئايرىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك نورمال ئىزغا چۈشۈشىگە تېز تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى تۇتۇپ، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئوقۇش باشلاپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام ئايلىنىشىنى ساقلاپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى دەرىجىمۇدەرىجە قانات يايدۇرۇپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، دائىم ھوشيار بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ئۈنۈملۈك مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە چىڭ تۇرۇشتا تەۋرەنمەي، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، قولدا تۇتۇپ، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەقىل - پاراستى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

مەمنۇن بولدۇم، جۇڭگو - گىرېتسىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچىم بار. مەن جۇڭگو - گىرېتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ساكېللاروپولو بىلەن ياخشى خىزمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، جۇڭگو - گىرېتسىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

«باش شۇجىنىڭ مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەنلىكى بىزگە ئىنتايىن زور ئىلھام بولدى.» كوناشەھەر ناھىيەسى مەرھابا يولى مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى سۈيشيا مۇنداق دېدى: «مەھەللىمىزدىكى بارلىق پارتىيەلىك كادىرلار چوقۇم باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، چوڭقۇر، ئىنچىكە بولغان ئامما خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاھالىلەرگە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاھالىلەرنى ياخشى تۇرمۇش ئادىتى ۋە تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئەتىيازنى پاكىز تازىلىقىمىز بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك».

مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق تۇرمۇشى مۇقىم بولسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى مۇقىم بولىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى نۇقتىلىق سودا سارايى، تاللا بازارلىرى، توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ مۇھىم زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى داۋاملىق كۆزىتىپ ئۆلچەپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. «ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچىلىدىغان تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازارلىرى نورمال تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت، كۆكتات قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك، باھا مۇقىم بولۇۋاتىدۇ. بىز مۇناسىۋەتلىك مېخانىزم ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، بازارنىڭ جىددىي تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى بازار يۈرۈشتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى باھارگۈل ئابلا.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى 140تىن كۆپرەك دۆلەت ئېلېكتر تورى تيانشان قار لەيلىسى پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە رولىنى پائال جارى قىلدۇردى. «بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى قۇرۇلۇشى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشىنى كۈچلۈك ئېلېكتر كۈچى كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.» دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شيې يۇڭشېڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل شىركەت جىگرا بويىدىكى 23 كەنت، مەھەللىنىڭ ئېلېكتر تورى تۈر قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، 36 مىڭ دېھقان - چارۋىچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«مۇلازىمەتنى تۇتۇپ خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈشتە، بىز 20دىن ئارتۇق پارتىيەلىك كادىرنى ئەۋەتىپ، باغچە رايونىدىكى كارخانىلارنى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ‹بىرگە بىر› مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى بازىرىنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى يېنەن سانائەت باغچە رايونى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېن جۈنپې.

ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

باش شۇجى شى جىنپىڭ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى چوڭ جەڭ داۋامىدا ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خۇ جىڭجې مۇنداق دېدى: «بىز ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ساھەسىدىكى تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئاممىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى بارلىق چەت ياقىغا جايلاشقان ئائىلە، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەر ئىچىدە ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئائىلىلەرنىڭ بىر ئائىلىدىن بىر كىشىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققىنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشىمىز».

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نىياز ھاشىم مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ‹ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش›نى مۇقىم ئىشقا ئاشۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش بىلەن ئەقىل جەھەتتىن يۆلەشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە سىجىل كۈچەيمىز. نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئىستىل ئارقىلىق ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاشقا رىغبەتلەندۈرىمىز».

(مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار چاۋ جىن، خې خۇڭۋېي، چېن چياڭۋېي، جاڭ يۈنپې، جاڭ رۇيلىن، جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ لۇ)

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلارنى يۆلەش كەسپلىرى ئازلىقتىن كۆپەيدى، كىچىكلىكتىن زورايدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز مەبلەغنى تۈرگە ئەگەشتۈرۈپ ماگدۇرۇش، تۈرنى يىرىك پىلانغا ئەگەشتۈرۈپ ماگدۇرۇش، يىرىك پىلاننى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئەگەشتۈرۈپ ماگدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدا «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» «بىردە ئېشىپ كېتىش»، نامرات كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن چېكىنىشىدە «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش، يەتتە بولۇش»، نامرات ناھىيەلەرنىڭ قالپىقىنى تاشلىشىدا «بىرگە يېقىنلىشىش» ئۆلچىمى ۋە يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»قا مەركەزلەشتۈرۈپ، «توققۇز قىزىل سىزىق»قا تېگىشنى قاتتىق چەكلەپ، تۈر بېكىتىشنى كۈچەيتىپ، تۈرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇشى ۋە تۈر قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «كەنت ئىلتىماس قىلىش، يېزا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ناھىيە تەكشۈرۈپ بېكىتىش» تەرتىپى بويىچە، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار ناھىيە (شەھەر، رايون)لەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈر ئامبىرىنى يېڭىلاپ، تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تولۇقلاپ، ئامبارغا كىرگۈزۈلىدىغان تۈرلەرنىڭ خەۋپ - خەتىرىنى باھالاپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنىڭ بالدۇرراق ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتى تۈر سۈرئىتىنى قەرەللىك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قەرەللىك ھالدا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تۈر خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ئەسكەرتتى؛ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئالغا سىلجىتىلىشى بىرقەدەر ئاستا تۈرلەرگە بىرمۇبىر «تومۇر تۇتۇپ دىياگنوز قويۇپ»، ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ تۇرپان شەھىرى مالىيەنىڭ مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش مەبلەغ تۈرلىرىگە قارىتا ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

2019 - يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست يىللىق كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈر قۇرۇلۇشى پىلانىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، چېتىلىدىغان مەبلەغ 29 مىليارد 454 مىليون يۈەن بولۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 9 مىليارد 310 مىليون يۈەننى، تۈردىن 479نى ئەمەلىيلەشتۈردى؛ 2019 «پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىپ كېلىشىم ئىمزالىغان مەبلەغ 31 مىليارد 700 مىليون يۈەن، تۈر 176 بولدى، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، تەشكىللىنىش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىم كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئېغىر كېسەل، نەپەس يولى، يۇقۇملىنىش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى، پەرۋىش قاتارلىق پەنلەر بويىچە 60تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىسنى تاللاپ ئەۋەتىپ، كۆپ پەنلەر بويىچە دىياگنوز قويۇش، داۋالاش ئىختىساسلىقلار ئەترىتىدىن توققۇزنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىلىرىغا بېرىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاش، يېتەكچىلىك قىلىش، تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. ھەم 1100 كىشىلىك داۋالاش - پەرۋىش كەسپىي تېخنىكا زاپاس خادىملار ئەترىتى قۇرۇپ، بىرىنچى سەپتىكى خادىملار بىلەن مۇۋاپىق تۈردە ئىش ئورنىدا نۆۋەتلىشىپ تۇرۇپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش - قۇتقۇزۇش بويىچە يىراق مۇساپىلىك سۇپا قۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 1161 داۋالاش ئاپپاراتىغا ئۇلاپ، 24 سائەت مۇتەخەسسىسلەر نۆۋەتچىلىك قىلىپ كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىق مىسالىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا قارىتا، «بىر ئادەمگە بىر لايىھە» بويىچە ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى يولغا قويدى.

ئېغىر، خەتەرلىك ئاغرىق مىساللىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلارغا قارىتا ئاپتونوم رايونىمىز بىرىنچى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەتەرلىك كېسەل مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىنى تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ECMO قاتارلىق جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى ھەم يىراق مۇساپىلىك سۇپىدىن پايدىلىنىپ، خەتەرلىك ئاغرىقلارغا ھەر كۈنى ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاغرىقنىڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 73 ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۈچ ئاغرىق مىسالى قازا قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا قارىتا جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بويىچە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئاغرىقلارنى جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسى 90%تىن ئارتۇق ئاغرىقنى جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ داۋالاپ، «بىر ئادەمگە بىر رېتسېپ» بويىچە جۇڭيى تېبابىتى داۋالاش رېتسېپىنى تۈزۈپ، خېلى ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشتى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈچ تۈركۈمدە داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خۇبېينىڭ بىرىنچى سەپىگە ئاتلاندۇرۇپ، ۋۇخەنگە ياردەم بېرىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلىرىدا 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، مەكتەپلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. تەۋەلىككە ئاساسەن باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىر مەكتەپكە بىر تەدبىر قوللىنىپ، لايىھەنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، دەسلەپكى لايىھەنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئىلمىي تەشكىللەپ، مەكتەپلەر ئومۇميۈزلۈك دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپ بىخەتەر، ئوقۇتۇش تەرتىپلىك، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش دەل جايىدا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.